## 49036 ـ باشقىلار ئۆچۈن تاش ئېتىپ قويۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سۇئال**

مەن ياشانغان بىر كىشى ئۆچۈن تاش ئېتىپ قويدۇم، توغرا بولۇپتىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر سىزنى تاش ئېتىپ قويۇشقا ۋەكىل قىلغان كىشى ياشانغانلىق ياكى بەك قىستاڭچىلىقتىن ئەنسىرەپ، ئۆزى ئاتالمايدىغان بولسا ئۇ كىشى ئۆچۈن سىز ئېتىپ قويسىڭىز توغرا بولىدۇ.

"دائىمى كومىتېتى پەتىۋاسى"11-توم 286-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "ياشانغانلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆزى تاش ئېتىشقا قادىر بولالمىغان كىشى ئورنىغا شۇ يىلى ھەج قىلغان ئىشەنچىلىك بىر كىشىنى تاش ئېتىپ قويۇشقا ۋەكىل قىلسا توغرا بولىدۇ".

شۇنىڭغا ئاساسەن سىزنىڭ ياشانغان كىشىنىڭ ئورنىغا تاش ئېتىپ قويغىنىڭىز توغرا بولاپتۇ، ئۇنىڭ ئۆچۈن (ئاللاھ خالىسا) سىزگە ساۋاپ بولىدۇ، باشقا نەرسە بولمايدۇ.

تاش ئاتقاندا ئالدى بىلەن سىز ئۆزىڭىز ئۆچۈن ئاتىسىز ئاندىن سىزنى ۋەكىل قىلغان كىشى ئۆچۈن ئاتىسىز، سىز ئالدى بىلەن ئۈچ شەيتاننىڭ ھەممىسىگە ئۆزىڭىز ئۆچۈن ئېتىۋېتىپ ئاندىن قايتىپ كېلىپ سىزنى ۋەكىل قىلغان كىشى ئۆچۈن تاش ئېتىشىڭىز كېرەك بولمايدۇ، بەلكى ھەر بىر شەيتانغا ئاتقاندا ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ئۆچۈن ئاتىسىز ئاندىن سىزنى ۋەكىل قىلغان كىشى ئۆچۈن ئاتىسىز. بۇ توغرىدا 36853 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.